سىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN DOĞU TÜRKİSTAN

ئايلىق سىياسىي گېزىت
1995
7 - ئاي
12،13 - سان

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى نەشر قىلدى




تى ھەددە ئاممىۋىي تەشكىلات ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، دىنىي زاتلار، بىر قىسىم يەرلىك ئاممىۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلار بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئەتىگەندىن تارتىپ كۈن پاتقىچە داۋام قىلغان چەتئەللىك، تۈركىيىلىك، شەرقىي تۈركىستانلىق زىيارەتچىلەر سۇلتان ئەخمەت مەيدانىدا شەرقىي تۈركىستان بايرام مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.



ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن خاتىرە باغچىسىنىڭ ئېچىلىشىدا مۇراسىمغا قاتناشقۇچىلار، شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى مۇنارىسى ئالدىدا سۈكۈت قىلدى. داۋامى 3 - بەتتە

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى خىيال ئەمەس

### باشماقالا

«ئۈمىدسىز ياشاش ھارامدۇر». ھازىر مۇنداق بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۆرىشىدە چىڭ تۇرۇش. بۈگۈن خىتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى بارغانچە جىددىيلەشمەكتە. خەلقنىڭ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى دېموكراتىك كۆرىشى بىلەن مۇستەقىللىق كۆرىشى بارغانچە كۈچەيمەكتە. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋەتەن مۇستەقىللىقى يولىدا كۆرەشۋاتقان بارلىق مۇجاھىتلار كۆرەش تەجرىبىلىرىنى، ئەتىجىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، مۇجادىلىنىڭ يېڭى يولىنى يارىتىدىغان سىياسىي جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلۇغۋار كۆرەش ئىرادىسىدە چىڭ تۇرغاندىلا كوممۇنىستىك خىتاي ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. داۋامى 2 - بەتتە

## سۇلتان ئەخمەت مەيدانىدا شەرقىي تۈركىستان خاتىرە مۇنارىسى ئورنىتىلدى

## ئۇنىڭ نامى ھايات ۋاقتىدا مەڭگۈلەشتى




ئۆز خەۋىرىمىز: تۈركىيە ئەمىنۆنۈ ھۆكۈمىتىنىڭ تارىخىي قارارى بىلەن 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى چەتئەللىكلەر ساياھەت مەركىزى بولغان سۇلتان ئەخمەت مەيدانىدا «ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن خاتىرە باغچىسى» نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، خاتىرە باغچىسى ئىچىگە «شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى خاتىرە مۇنارىسى» ئورنىتىلدى.

بۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇراسىمغا، ئىستانبۇل شەھەر باشلىقى رەجەپ تايىپ ئەردوغان، ئەمىنۆنۈ ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت چېتىن سايا، يېڭى دېموكراتىيە پارتىيە رەئىسى ھەسەن جالال گۈزەل، ئىخلاس ھولدىڭ ئىدارىيەت مىنىستىرى دوكتور ئەنۋەر ئۆرەن، تۈرك ئەدەبىياتى ۋەخپى باشلىقى، يازغۇچى ئەخمەت كاباقلى، زىيالىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئىخلاس ھولدىڭ ئىدارىيەت مەسلىھەتچىسى پروفېسسور دوكتور نەۋزات يالچىن تاش، تۈرك دۇنياسى تەتقىقات جەمئىيىتى رەئىسى پروفېسسور دوكتور تۇران يازغان قاتارلىق تۈركىيە ھۆكۈمەت، جەمئىيەت باشلىقلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى قاتناش

## مەھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ۋاپاتىنىڭ

## 30 يىللىقى خاتىرلەندى



داۋامى 2 - بەتتە

# سۇلتان ئەخمەت مەيدانىدا شەرقىي تۈركىستان خاتىرە مۇنارىسى ئورنىتىلدى

## ئۇنىڭ نامى ھايات ۋاقتىدا مەڭگۈلەشتى

بېشى 1- بەتتە

ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ئالدى بىلەن تۈرك دۇنياسى ئىخلاس بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سەرۋەت كاباقلى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۈگۈن بۇ مۇراسىمنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن ئۆزەمنى ناھايىتى بەختلىك بىلىمەن. چۈنكى، بۇ دۇنيا تىنچلىقىغا ئەڭ چوڭ تەھلىكە بولغان خىتاي ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى ئورنىتىلغان ئەڭ چوڭ بايراق. بۇ تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخىدىكى يەنە بىر سەھىپە. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆررىيەت مەشئەلى پات يېقىندا يانىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن».

ئىستانبۇل شەھەر باشلىقى رەجەپ تايىپ ئەردوغان مۇنداق دېدى: «ئەيسا ئەپەندىم بىر ئۆمۈر تۈركلۈك مۇجادىلىسى ئېلىپ بارغان ھەممىلەن قەدىرلەيدىغان مۇجاھىتتۇر. ئاللاھ مۇبارەك قىلسۇن. بۇ خاتىرە باغچىسىغا بەخت-سائادەت ۋە ياخشىلىقلار تىلەيمەن». ئۇ مۇنداق دېدى: «باغچە ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى خاتىرە مۇنارىسى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تارىخى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ تارىخىنى يارىتالمىغان مىللەت مىللەت بولالمايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ مەسىلىگە ھەممىلەننىڭ كۆ-



ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن خاتىرە باغچىسى ئىچىدىكى بالىلار ئويۇن مەيدانى.

ڭۈل بۆلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

يېڭى دېموكراتىيە پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ھەسەن جالال گۈزەل مۇنداق دېدى: «ئەيسا ئەپەندىم ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، مىللىتىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشنى توختاتمىدى. بۇ خاتىرە باغچىسى ئۇنىڭ كۈرەش نەتىجىسى، بۇنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن». ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى تۈرك ئەللىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان شەرقىي تۈركىستان بۈگۈن بىزدىن ئەڭ يىراقتا قالدى. تۈركىيە ۋە پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرى ئۇنىڭغا يېقىندىن ئىگە چىقىپ، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلىشىمىز لازىم».

ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن خاتىرە باغچىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى خاتىرە مۇنارىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بۈيۈك خىزمەت قىلغان ئەمىنئۆنۈ ھۆكۈمەت باشلىقى دوتسېنت دوكتور ئەخمەت چېتىن سايا شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي ئاسارىتىدە قالغانلىقى ھەر بىر تۈرك ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا قاتتىق زەربە بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئاتىلىرىمىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراقلىرىمىزنىڭ ھەسرەتلىرى يۈرەكلىرىمىزنى ھەر ۋاقىت ئېچىشتۇرىدۇ. مەن بۇ خاتىرە باغچىسى بىلەن خاتىرە مۇنارىسىنىڭ دۇنياغا شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ ياڭرىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ باغچىغا ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىندەك بۈيۈك بىر مۇجاھىتنىڭ نامى بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن تېخى يېتەرلىك ئەمەس، لېكىن مەن ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن».

زىيالىيلار جەمئىيىتى نامىدىن جەمئىيەت رەئىسى پروفېسسور دوكتور نەۋزات يالچىنتاش ئەيسا ئەپەندىگە شەرەپ-مىدال قەغىزى تەقدىم قىلدى ھەممە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ بىزگە، شەرقىي تۈركىستان پۈتۈن دۇنياغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدىغان كۈننى كۆرۈشكە نېسىپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. تۈركىيە زىيالىيلىرى بۇ جەھەتتە تولۇق ئەنچىگە ئىگە، مۇشۇ ۋەجىدىن، بۇ شەرەپ-مىدال قەغىزى پۈتۈن تۈرك مىللىتىنىڭ ئەيسا ئەپەندىگە بولغان مىننەتدارلىقىدۇر».

تۈرك ئەدەبىياتى ۋەخپى باشلىقى يازغۇچى ئەخمەت كاباقلى مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان ۋە تۈرك دۇنياسى ئۈچۈن ئەڭ كۆپ ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئەيسا ئەپەندىدۇر. ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىشى بىزگە يۇرتىمىزدىكى تۈرك دۇنياسىنى ئەسلەتتى. تۈركىيەدىكى مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرىمىز تۈرك دۇنياسى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلالمايتتى. ئەيسا ئەپەندىنىڭ داۋاسى ئۇنىڭ مىللىتىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ ھەققىي ئۈچۈندۇر. ئۇ، بۇ داۋانى ھەققانىي داۋا سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇتۇشتا ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى».

تۈرك دۇنياسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پروفېسسور دوكتور تۇران يازغان مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى خاتىرە مۇنارىسى قارىماققا كىچىك كۆرۈنىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. بۇ بىزگە بۈيۈك تۈركىستاننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستاننى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ».

دوياشقا كېلىنگەن مۇجاھىت لىدېرىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە ياردەملىرىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «تۈركىيەدىكى مىللەتپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىز گېزىت، تېلېۋىزىيە، رادىئو قاتارلىق ئاخبارات تۈرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىزنىڭ داۋارىمىزغا يېقىندىن ياردەم قىلىپ كەلدى. بۈگۈن دۇنيا سىياسەت مەركىزى بولغان سۇلتان ئەخمەت مەيدانىدا شېھىتلىرىمىزنىڭ خاتىرە مۇنارىسىنىڭ ئورنىتىلىشى، دۇنيانىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا دىققەت-ئېتىبارىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن ئۆزەمنى مەڭگۈلۈك بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار نامىدىن تۈركىيەگە ۋە تۈركىيە خەلقىگە چىن قەلبىمدىن رەخمەت ئېيتىمەن». ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق دېدى: «بۈيۈك تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمى مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چوڭ ئۈمىدكە ئىگە قىلدى. ئىشىنىمەنكى، شەرقىي تۈركىستان پات يېقىندا پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ».




شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان ئىستىتىپاقىنىڭ رەئىسى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن گېرمانىيەدىن كېلىپ خاتىرە باغچىسى بىلەن خاتىرە مۇنارىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

> مەيلى زارىڭلا، مەيلى پەريات قىل،
> ئوغرى قايتۇرماس ئالتۇنۇڭنى بىل.

# خىتايدا تەخت ماجىراسى

(«تۈركىيە گېزىتى»نىڭ بۇيىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى خەۋىرى). تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقانى دېمىرالنىڭ خىتايغا قىلغان رەسمىي زىيارىتى تۈركىيىگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرىگە قىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە ئاسسىمىلياتسىيە زوراۋانلىقلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا، شۇنىڭدەك خىتاينىڭ ئىران، شىمالىي چاۋشيەنگە ئۇرۇش ۋە يادرو قوراللىرىنى ياشاش تېخنىكىسى بىلەن ماتېرىيال جەھەتتە قىلىۋاتقان ياردىمىگە ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ.

خىتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالى تاشقىي كۆرۈنىشىگە ئوخشاش تېنچ ئەمەس. مۇراسىم ۋە كۈتۈۋېلىش ئورۇنلىرىدا بولۇنغان نوتۇقلاردا ئانچە خۇشاللىق كۆرۈلمەيدۇ.

ھازىر خىتايدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنىڭ ئولتۇرۇش توغرىسىدىكى گەپ - سۆز كۈندۈلۈك مەسىلىگە ئايلاندى. دېڭ شياۋپىڭ يېتىشتۈرگەن جياڭ زېمىننىڭ تەختكە چىقىشى ئاسانغا توختىمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ رەقىپلىرى ناھايىتى كۈچلۈك. دېڭ شياۋپىڭ ياشاش ھەرىكىتىدىن بارغانچە قېلىپ، ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

1989 - يىلقى تيەنئەنمېن دېموكراتىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش قىرغىنچىلىقىغا داخىل بولمىغان چياۋشى، جياڭ زېمىننىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا بولغان رەھبەرلىكىگە كۆزۈتۈش پوزىتسىيىسىدە بولماقتا. ئۇنىڭ يېنىدا ئىقتىسادا دەۋەسكارى جۇرۇڭجى بار.

جياڭ زېمىن ئۆزىگە رەقىپ دەپ تونۇغانلارنى دېڭ شياۋپىڭ ئۆلمەي تۇرۇپلا زەربە بېرىشكە باشلىدى. ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدىن پايدىلىنىپ بېيجىڭدىكى رەقىپلىرىنى ۋە بېيجىڭ شەھەر باشلىقى چېن شىتۇڭنى بىر تەرەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى خىتاينىڭ يەنىلا بۇرۇنقى كىلاسسىك كوممۇنىست ئىدىيىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ھازىر بېيجىڭدە تەخت تالىشىش جېدىلى رەسمىي ئەۋج ئالدى. ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئىستەكلىرى بارغانچە كۈچىيىۋاتىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تيەنئەنمېن ھەرىكىتىدە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى سوتلاشنى تەلەپ قىلغان بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا لوزۇنكا، رەسىملىك ئېلانلار ۋە ئاخباراتلار ئېلان قىلىندى.

جياڭ زېمىن دېموكراتىيىلىشىشنى خالىمىدۇ، لېكىن، بۇخۇسۇستا دېموكراتىك كۈچلەرنى چۈچۈتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر مەركەز ئىچكى ياش دېموكراتچىدىن بىرىنىڭ قولىغا كىرسە جياڭ زېمىننىڭ رەقىپلىرى ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، دېڭ يېتىشتۈرگەن ئەمەلدارلارمۇ ھوقۇق يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىدىن قېلىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا جياڭ زېمىن ئۆزىگە كۈچ ۋە ئاساس تىكلەش مەجبۇرىيىتىدە قالىدۇ.

جياڭ زېمىننىڭ يوشۇرۇن رەقىپلىرى ئىچىدە سابىق گېنېرال دۆلەت رەئىسى ياڭ شاڭكۇنمۇ بار. ھازىر، خىتاي كىشىلەر دىققەت قىلىدىغان ئىچكى ماجرا (ئۇرۇش) غا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

## ماركس بىلەن لېنىننىڭ

## ھەيكىلى ئېلىپ تاشلاندى



مۇرەتلىك خەۋەر: قازاقىستاندا كارل ماركس بىلەن لېنىن ھەيكەللىرىنى ئامبارغا تاشلاش ھەرىكىتى باشلاندى. بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى سەمەي ۋالىسى گالىمجان جاكسيانوۋ. ئۇ مۇنداق دېدى: «قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى مەيدانلىرىدا تېخىچىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان مىڭغا يېقىن ماركس، لېنىن ھەيكەللىرىنىڭ ئەندى كېرىكى يوق. بۇ كېرەكسىز ھەيكەللەرنى ئالدى بىلەن مەركىزى رايونلاردىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك».

سەمەي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىگە قويۇلغان لېنىن ھەيكىلىدىن 2 نى، ماركس ھەيكىلىدىن بىرنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇ، بۇ ئىشنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.



# تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە خاتىرە باغچىسى

تۈركىيەدىكى «ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن خاتىرە باغچىسى»، «شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى خاتىرە مۇنارىسى» شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدەرى بۈيۈك مۇجاھىت ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ 70 يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان كوممۇنىزمغا قارشى تۈركلۈك، مۇستەقىللىق مۇجادىلىسىنىڭ، زۇلۇم ئاسارەت ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز ھەققانىيىتى يولىدا كۆرەشىۋاتقانلىقىنىڭ تۈركىيىگە جۈملىدىن دۇنياغا تونۇلغانلىقىنىڭ ۋە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. تارىختا ۋە رېئاللىقتا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسپاتى. ۋەھالەنكى، بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۇنيا خەرىتىسىدىن مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ئورنىنى ئالىدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى. بۇ بىز كۆرەش قىلىپ يەتمەكچى بولغان مۇستەقىللىق، گۈللىنىش، قۇدرەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت مەقسىتىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنىڭ ئۈمىدى. شۇنداقلا، بۇ خەلقئارا جامائەتچىلىككە ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق جايدا شەرقىي تۈركىستاننى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بۈيۈك لىدەرىمىز ھارماس مۇجاھىت ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ نامى ھاياتى ۋاقتىدا پۈتۈن دۇنياغا ئايان بولدى.

يېرىم ئەسىرگە يېقىن مەزگىل ختاي مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاندا ھەدەپ كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتكەن مەزگىل بولدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يالىڭاچلاپ قويماي، ئالدامچىلىق سىياسىتىنى ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىك، شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى پەردازلىدى. ئۇشۇنداق ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ كۆزىنى بويىدى. ئۇنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسەتلىرىنىڭ مۇھىملىرى: «بارلىق مىللەتلەر بىردەك باپباراۋەر بولۇش، ھەرقانداق مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يەرلىك مىللەتلەرنى سىياسىي، قانۇنىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۈرمۇش جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمان قىلىشتىن ئىبارەت بولدى». ئەينى ۋاقىتتا كوممۇنىست ختاي بۇ ئالدامچىلىق سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى رەت قىلالمىغانلىقتىن، «(شىنجاڭ) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ شۇ كۈنلەردە، بولۇپمۇ جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئېغىر زۇلۇمىغا ئۇچراپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەلىپى ئىدى. لېكىن، بۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۈرمۇش جەھەتلەردە بەھرىمان بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇشىغا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئەكسىچە، كوممۇنىست ختاي ئۆزىنىڭ بويسۇندۇرۇش، كېڭەيمىچىلىك، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلار مەيلى مۇستەملىكىچىلىكنى يولغا قويۇش جەھەتتە بولسۇن ۋە باشقا مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش جەھەتتە بولسۇن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۆزلۈكسىز زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ ئەجدادلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. قانداقتۇر دېموكراتىيە-ئەركىنلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. مانا بۇلار شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. بۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان پاكىت: دەرۋەقە، بۈگۈن ختاي كوممۇنىستلىرى قانداق ھىيلە نەيرەڭلەرنى ئىشلەتمىسۇن، ئۆزىنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى يوشۇرالمايدىغان بولدى. چۈنكى، تۈركىيىدە بارلىققا كەلگەن شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى خاتىرە مۇنارىسى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىياپىتىنى خەلقئارا جامائەتچىلىككە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

دېمەك، شەرقىي تۈركىستان ختاي مۇستەملىكىچىلىرى بېسىۋالغان، ئاسارەت ئىچىدە قالغان ئۇيغۇر تۈرك دۆلىتى. ئۇيغۇرلار ختايلار بىلەن قانداشلىقى بولمىغان، ئىرق ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، تىلى، دىلى، دىنىي ئېتىقادى باشقا-باشقا مىللەت. شۇڭا، شەرقىي تۈركىستان «ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى»، ئۇيغۇرلار «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى» دەپ جار سېلىش، مىللەتلەر «ئىتتىپاق قىلىق» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، چوڭ مىللەتچىلىك يادرو قىلىنغان ختاي مىللىتىنى ئەلا بىلىدىغان، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان مىللىي شوۋىنىزمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى تارىختىن بۇيان جەسۇرلۇق بىلەن قوغداپ كەلدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ تارىخىنى يات مىللەتلەرنىڭ ئىگىللىۋېلىشىغا ۋە ئۆزىنىڭ «بىر ئەزاسى» قىلىۋېلىشىغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى مەڭگۈ ساقلايدۇ.

## ختاينىڭ نارازىلىقى بىكار بولدى

سۆرەتلىك خەۋەر:

ئۆز خەۋىرىمىز. 7-ئاينىڭ 28-كۈنى تۈركىيىدە قەد كۆتەرگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە «ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن خاتىرە باغچىسى» بىلەن «شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى خاتىرە مۇنارىسى» ختاينىڭ تۈركىيىدىكى باش ئەلچىسىنى جىددىيلەشتۈرۈپ پاتىپاراق قىلىۋەتتى. باش ئەلچى تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

ختاينىڭ نارازىلىقى شۇلاردىن ئىبارەت: «ئىستانبۇلدىكى بىر باغچىغا جۇڭگودا ئېتىراپ قىلىنمىغان بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى بەرگەنلىكى، تۈركىيىنىڭ جۇڭگوغا قارشى ئانارخىزمچىلار تىزغان 36 مىليون تۈرك خەلقى ياشايدىغان شەرقىي تۈركىستان..، نېفىت، كۆمۈر قاتارلىق كان بايلىقلىرى بىلەن باي دۆلەت...» دېگەن كۆرگەزمە سۆزلىرىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىك. بۇ ختايغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ۋە پەرۋاسىزلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئەھۋال».

ئۇنىڭغا قارىماي، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تۈركىيىنىڭ دېموكراتىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا يوقۇرىنىڭ ئارىلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



ختاي ئەلچىلىرى خاتىرە باغچىسى بىلەن خاتىرە مۇنارىسىنىڭ يېنىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي يىراقتىن سۈرەتكە تارتتى.



ختاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئادەملىرى خاتىرە باغچىسى بىلەن خاتىرە مۇنارىسىنى يىراقتىن زىيارەت قىلماقتا.

يىلاندىن خاتىرجەم ئولتۇرغىنىم يوق،
ئۇنىڭ خىسلىتىنى بىلگەندىن بۇيان.
كىشىلەر كۆزىدە دوستتەك كۆرۈنگەن،
دۈشمەننىڭ چىشى زەھەردىن يامان.

# شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان ئورتاق ھەرىكەت قىلماقتا

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ بۇيىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى ماقالىسى). ماۋزۇسى: «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان ئورتاق ھەرىكەت قىلىشۋاتىدۇ» (ئاپتورى: مۇھسىن ئىدىقۇت قادىر ئوغلى).

بىردەۋر يۈتۈپ جاھانگىر تاجاۋۇزچىلىرىغا ئوخشاش شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاننى ئىشغال قىلىپ تۇرغان خىتاي، بۈگۈن ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق ئەندىشىلەنمەكتە، بەلكىم ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىشەنچسىز بولۇشى مۇمكىن. دېمەك ئۈچ تەرەپ خەلقىنىڭ ئىتتىپاق قىلىشىپ ئورتاق مۇجادىلە قىلىشى ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە سترا تېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان مۇجاھىت كۈچلەر، بۇندىن خېلى ئىلگىرى ئۈچ تەرەپ «بىرلەشمە كومىتېتى»نى قۇرۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى - «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقىغە قاراتقان ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقى، مىللىي زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىپ، مۇستەقىللىق داۋاسىنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىش» تىن ئىبارەت دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرلەشمە كومىتېتى بۇلتۇر 10 - ئايدا ئامېرىكىدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىنغا دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېت ۋەكىللىرى قاتناشتى.

تىبەت تىلىكلەر بىر قانچە ئون يىل بۇرۇن ئۆز يۇرتىنىڭ سىياسىي، دىنىي لىدېرى دالاي لامانىڭ رەھبەرلىكىدە، سەرگەردان ھۆكۈمەت قۇرۇپ، مۇستەقىللىق كۈرىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، سەرگەردان ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نانيال تەتخونگ، ئىچكى موڭغۇلىستان ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى باجە ۋە بىرلەشمە كومىتېت رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان دەردى، خىتاي زوراۋانلىقى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا توختالغانىدا تامامەن بىرخىل پىكىر بايان قىلدى. بۇ كومىتېت خىتاينىڭ ھەممە يەردە ئوخشاش زۇلۇم يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئەلۋەتتە.

ئامېرىكىدا ئېچىلغان ئۈچ تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ تۇنجى يىغىنىدا، خىتاينىڭ سابىق رەئىسى جاۋزىياڭنىڭ باش مەسلىھەتچىسى پروفېسسور يەنجاچى قاتنىشىپ يىغىندا، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان جۇمھۇرىيىتى دېگەننى باشتىن ئاخىرى قوللانغانلىقى بىرلەشمە كومىتېتنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولدى. يەنجاچى سۆزىدە، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ئۆز ئىگىلىكىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «خىتاي ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇيغۇن فېدىرال سىستېمىغا ئۆتۈشى كېرەك، ئەگەر ئۇ بۇ يولنى تاللىمىسا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى كۈندىن - كۈنگە كۈچلەنمەكتە. شۇڭا، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ فېدىرال سىستېما يولى خىتاي ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق تۈزۈمدۇر».

بىلىش مۇمكىنكى، شەرقىي تۈركىستان خىتايغا قارشى بارلىق كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتكەندىلا، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىنى تېخىمۇ كەڭ ئاساسقا ئىگە قىلالايدۇ.



# ئەڭ چوڭ ئاشلىق ئىمپورتچى

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى خەۋىرى). خىتاي بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە كۆچكەندىن كېيىن، يېتىلا ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمەلدارلىرى دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ مەسىلە 1.2 مىليارد تىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ قورسىقىنى قانداق بېقىش مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

خىتايدىكى چەتئەللىك دىپلوماتچىلارنىڭ خەۋەر بېرىشىگە قارىغاندا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىدا يېزا ئىگىلىك مەسىلىسى توغرىسىدا ناھايىتى جىددىي مۇنازىرە بارلىققا كەلگەن. بۇ مەسىلىدە «رادىكال ئىنقىلاب» يۈز بېرىشى مۇمكىن.

دۇنيا نوپۇسىنىڭ يۈزدە 20 سىنى ئىگىلىگەن بۇ مەملىكەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەندىشىسى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىپ يۈزدە 7 پىرسەنت قالغانلىقىدىن ئىبارەت. بېيجىڭدىكى بىر ياۋروپالىق مۇخبىر مۇنداق دەيدۇ: «خىتاي بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنى باقالمىسلىق ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالدى». شۇڭا، ئۇ پات يېقىندا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاشلىق ۋە ئوزۇق ماللىرىنى ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلىنىدۇ.

خىتاينىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى، يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. بۇلتۇر بۇ كەسىپتىكىلەر 2.5 ھەسسە ئازىيىپ، ئاشلىقدا ئىشلەپچىقىرىشى 444.5 مىليون تونناغا تۆۋەنلەپ كەتكەن. غەرب سىياسەتچىلىرىنىڭ تەخمىن قىلىشىچە، خىتاي بۇ ئەسىر ئىچىدە 40 مىليون توننا ئاشلىق ئىمپورت قىلىدۇ.

## خىتايدا زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرى كۆپەيمەكتە

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى خەۋىرى). خىتايدا يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرى ئەركىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ناھايىتى تېز كۆپەيمەكتە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇلار خىتاينىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىغا بېرىپ جىنايەت سادىر قىلىپ، ئۇ جايلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى بىلەن خەلقنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇيىل خىتاينىڭ جەنۇبىي رايونىدا زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، پەقەت شەندەندېگەن جاينىڭ ئۆزىدىلا زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرىدىن 734 نى، شېرىكلىرىدىن 2157 نى ۋە 2176 سېتىش نوقتىسى بىلەن 400 دانە ھەربىي قورالنى قولغا چۈشۈرگەن.

ئەگەر، خىتاي ھۆكۈمىتى زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى «ئازسانلىق» مىللەتلەر رايونىدا ئېلىپ بارسا، ئۇ ھالدا، خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىكلەرتى مەنئىي قىلىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، «زەھەرلىك چېكىملىكلەر يەرشارى خاراكتېرلىك مەسىلە، بۇ مەسىلە يەرشارى بويىچە ھەل قىلىنىشى لازىم» دېگەن قارارنى ئىجرا قىلغان بولىدۇ.

بىلەلەيسەن ئادەمنى تۇرقىدىنلا بىر كۈندە،
قانچىلىك ئېرىشكەن ئۇ ئىلىم-بىلىمگە.
لېكىن قەستتىن ھوشيار بول، ئالدامىغا چۈشۈپ قالما،
رەزىل يۈرەك ئۆزۈن يىل مەلۇم بولماس ھېچكىمگە.

# خىتايدا ئىشسىزلىق ئارتماقتا



خىتايدا ئىشسىزيا شلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە.

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى خەۋىرى). نوپۇس جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان خىتاي ئىسلاھاتنى يولغا قويغاندىن بۇيان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇرغۇن كارخانىلار زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ ئەھۋال كەلگۈسى 5 يىلدا ئىشسىزلار سېپىگە 18 مىليون ئادەم قوشۇلىدىغانلىقىنى مۇقۇملاشتۇرماقتا. نۆۋەتتە، خىتاينىڭ ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ - ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتى كاپالەتكە ئېرىشەلمىدى، شۇڭا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىشقا مەجبۇر بولماقتا، رەسمىي رەقەم بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئوشۇق ئەمگەك كۈچى يۈزدە 15 - 20 پىرسەنت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇئاشى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇئاشىنىڭ يۈزدە 36.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1994 - يىلقى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى 124 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ قەرزى پۇلى ئۇلارنىڭ پۈتۈن بال - مۈلكىنىڭ يۈزدە 75.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، دۆلەتكە قاراشلىق كۆمۈر كانلىرى، پولات زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكا، مۇدا پىشەسانائىتى ۋە مېتاللورگىيە سانائىتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ يۈزدە 31 ى زىيانغا ئۇچرىغان، مىڭغا يېقىن دۆلەت كارخانىسى ۋەيران بولغان.

# ...خىتاي ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇش كويىدا

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇنىختىن بەرگەن خەۋىرى). خىتاي نوپۇسىنى 1 مىلياردتىن ئاشۇرغاندىن كېيىن، سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

1978 - يىلى دېڭ شياۋپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن خىتاي دىپلوماتلىرى پۈتۈن دۇنياغا بېيجىڭنىڭ يېڭى سىياسىي تۈزۈلمىگە كۆچكەنلىكىنى جاكالىدى. ئەمما، 1989 - يىلى يۈز بەرگەن بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتىنى ھېچقانداق يېڭى تۈس ئالمىغان ئۇسۇل بىلەن باستۇردى، بۇ خىتايدا كوممۇنىست رېجىمىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە بېيجىڭنى ئۆز تەھدىتى دەپ قارىغان رايونلار، ئۇنىڭ ئۇچقاندەك ئېشىۋاتقان ھەربىي خىراجىتىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

گېرمانىيىنىڭ رەسمىي گېزىتلىرىدە خىتاينىڭ تەيۋەن، شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇش كويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

# ياپونىيە خىتايغا قاراتقان

# ياردىمىنى توختاتتى

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى خەۋىرى). ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى كورو ئىكاراشى خىتاينىڭ 5 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى ئاتوم سىنىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ياپونىيىنىڭ خىتايغا قىلىۋاتقان خەيرى - ئېھسان ياردىمىنى توختاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى، ياپونىيە 1979 - يىلدىن بۇيان خىتايغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇۋاتقان 105 تىرىليون يېۋەن (1807 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا توغرى كېلىدۇ) لىك مالىيە ياردىمى بىلەن 1996 - يىلدىن كېيىنكى 3 يىلغىچە ئۇيغۇنلاشتۇرماقچى بولغان 580 مىليارد يېۋەن (509 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا توغرى كېلىدۇ) لىك مالىيە ياردىمىنى توختاتقانلىقىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

خىتاينىڭ يەنە بىر قېتىم ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بارغانلىقى يالغۇز ياپونىيەنىڭلا نارازىلىقىنى قوزغاپ قالماستىن، بەلكى بىر قانچە ئون دۆلەتنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇلار ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن خىتايغا قارشى نارازىلىق بىلدۈردى.

# خىتاي ئىقتىسادىي جەھەتتە

# ئاجىزلاشماقتا

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى خەۋىرى). خىتايغا سەرمايە سالغۇچى شىركەتلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ، تاشقى سودا كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى يىل ئاخىرىغىچە ۋام قىلىنىدىغان پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇلتۇر 12 - ئايدا ئېكسپورتنىڭ ئايلىق ئېشىش سۈرئىتى يۈزدە 88.2 پىرسەنت بولغان بولسا، بۇيىل 5 - ئايدا 49.2 پىرسەنتكە چۈشتى، ئايلىق ئىمپورتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يۈزدە 15 دە توختاپ قالدى.

نەتىجىدە، بۇيىلنىڭ ئاخىرىغىچە تۆلەيدىغان تاشقى قەرز ئۆسۈمى خىتاينىڭ زاپاس ئىقتىسادىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بايقالدى.

خىتايغا سەرمايە سالغۇچىلار بۇلتۇر يۈزدە 30 غا تۆۋەنلىگەن ئىدى، بۇ ۋەزىيەت بۇيىلمۇ داۋاملاشماقتا.



خىتاي پۇقرالىرىنىڭ قورسىقى ئاچ، كېسەل كۆرسىتىدىغان پۇلى يوق كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلماقتا.

قۇلاققا ئالمىغىن مەدداھ سۆزىنى،
كۆزلەيدۇ ئاز - تولا سەندىن مەنپەئەت.
بىر كۈن تىلىگىنى قاندۇرمىساڭ سەن،
يۈزلەپ ئەيىبىڭنى سانار ئاقىۋەت.

# شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىققە ئېرىشمىگىچە بىر پۈتۈن تۈرك دۇنياسى بارلىققا كەلمەيدۇ

(«تۈركىيە گېزىتى» ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى). ماۋزۇسى: «شەرقىي تۈركىستانسىز تۈرك دۇنياسى پۈتۈنلەشمەس» (ئاپتورى: مۇستافا نىجاتى ئۆزفاتۇرا).

شەرقىي تۈركىستان دۇنيادىكى پۈتۈن تۈركلەرنىڭ «ئاناۋەتىنى»، ئۇ تارىختىن بۇيان دۇنيا تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ جەملەنگەن نوقتىسى. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئاشۇ ئالتۇن ماكاندىن كەلگەن. ئۇيغۇر تۈركلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان 30 مىليوندىن كۆپ تۈرك قېرىنداشلىرىمىز شۇ ماكاندا ياشايدۇ. ئۇ پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ پەخرى.

شەرقىي تۈركىستان تۈرك دۇنياسىدا ئالاھىدە بولۇشتىن سىرت پۈتۈن دۇنيا ئومۇمە شۆھرەت دۇر. ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بولۇپمۇ مىلادىنىڭ 870 - يىللىرىدىن 1212 - يىللىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمى، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى، ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىي يېرىم قىسمىدىن ئىبارەت مۇشۇ كەڭ رايونلاردا قۇدرەت تاپقان قاراخانىيلار خاندانلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرى (ئوردۇكەنت) نى ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى قىلغان.

قەشقەر شەھىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ يەر مەيدانى 162 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى شەرقىي تۈركىستان يەر مەيدانىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. دۇنيادا نېپال، لىۋىيە، چېخوسلوۋاكىيە، كۇبا، بۇلغارىيە، تاجىكىستان، گرېتسىيە، نىكاراگۇئا، گوندۇراس، بېنىن، بېنگال، مالاۋى، كورىيە، يوگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يەر مەيدانىدىنمۇ چوڭ. قەشقەر ئۇيغۇر تۈركلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستان بويىچە چوڭ ۋە قەدىمكى مەركىزىي شەھەر بولغىنى ئۈچۈن، تارىختا جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستان «قەشقەرىيە» دەپ ئاتالغان. قەشقەرلىقلەر ئەزەلدىن ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر ۋە كۆرەشچان خەلق. ئۇلار شەھەر مەدەنىيىتىنى مىلادىدىن خېلى ئىلگىرى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، تۈرك ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى ئەسىرلەر بويى نامايان قىلىپ كەلدى.

ئومۇمەن، تۈرك خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر تۈرك خەلقىنىڭ ئانا يۇرتى - شەرقىي تۈركىستان تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت جەھەتتىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرى ئارقىلىق تۈرك ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قىسمىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدەك ئەينى زاماندا تۈرك دۇنياسىنىڭ قۇدرەت تېپىپ، گۈللەپ ياشنىشىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

شۇڭا، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولالماي تۇرۇپ، بىر پۈتۈن تۈرك دۇنياسى توغرىسىدا سۆز ئېچىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۈگۈن ئۇلار دۇنيادا ھېچبىر مىللەت كۆرمىگەن زۇلۇم ۋە ئاھانەت ئاستىدا خورلانماقتا ۋە ئېزىلمەكتە. لېكىن ئۇلار كوممۇنىست زۇلۇمى، خىتاي ئاسارىتىگە قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرماقتا.

ئەمەلىيەت بىزگە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بىر پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتەك ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىز بۇ ھەقىقەتكە ئەمەل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئەمەلىي ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

ھەي، تۈرك خەلقى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇتۇلۇشى، كوممۇنىست خىتاينىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلغىن!

## قىرىمدا دۇئا مۇراسىمى



سۆرە تىلەك خەۋەر:

قىرىم تاتارلىرى ستالىن دەۋرىدە سۈرگۈن قىلىنغان 190 مىڭ ئاتا بوۋىلىرىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنىن مەيدانىدىكى ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا 30 مىڭ كىشىلىك دۇئا مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. تاتارلار قىرىمنى ئوكرائىنادىن - روسلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا قاتتىق قارشى تۇرماقتا.

## خىتاي يەنى شەرقىي تۈركىستان بېقىۋاتىدۇ.

(تۈركىيە «كەچلىك گېزىتى» نىڭ 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى خەۋىرى). قەيسەرى شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق دەرنىكىنىڭ باشلىقى مەھمەت جانتۈرك مۇخبىرىمىزغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقان يولسىزلىقلىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلماقتا. ھازىر شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرى 72 تىرىليون 715 مىليونغا يېقىن ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى ئىستېمال قىلىپ تۈگەتتى. شەرقىي تۈركىستان ئالتۇن، ئۇران، كۆمۈر، مىس، كۈمۈش، نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالىيۇمىن، تۆمۈر، ياقۇت، قوغۇشۇن، ماگنېزىت، نىكېل، سىماپ، مانگان، خرومت قاتارلىق 130 خىلدىن ئارتۇق كان مەھسۇلاتىغا ئىگە باي مەملىكەت. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 32 تىرىليون توننىدىن كۆپرەك تەبىئىي گاز، 12 تىرىليون ئۇران، 60 مىليارد توننىدىن كۆپرەك نېفىت، 6 مىليون 300 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئالتۇن، 1 تىرىليون 992 مىليارد 878 مىليون توننا كۆمۈر زاپىسىنىڭ بارلىقى بايقالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەگەر شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆز بايلىقىغا ئۆزى ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا كىشى بېشىغا توغرى كېلىدىغان يىللىق كىرىمى 22630 ئامېرىكا دوللار بولىدۇ».

داۋامى 10-بەتتە

# ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن ئىتالىيە گېزىت مۇخبىرى خابىبا پاراسەگولىنى قوبۇل قىلدى

مۇر، تىلىك خەۋەر: 7-ئاينىڭ 8-كۈنى ئىتالىيەدە چىقىدىغان «ئىل نىتانىپس» گېزىتى؛ «كىمىتا ۋۆئوۋا» گېزىتى، «لىنەس» گېزىتى ۋە ئىسپانىيەدە چىقىدىغان «ئەل تانىيېدو» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى خابىبا پاراسەگولى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدېرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىننى زىيارەت قىلدى. ئۇ ئەيسا ئەپەندىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كوممۇنىست خىتاينىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەملىكە سىياسىتى توغرىسىدا مەلۇمات ئالدى ھەمدە، ئەيسا ئەپەندىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاينىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا سىزنىڭ قارىشىڭىز قانداق؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بەردى، ئۇ مۇنداق دېدى: «دېڭدىن كېيىن خىتاينىڭ ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىشى مۇمكىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇتۇلۇشىنى سىرتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ دېيىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، پەقەت خىتاينىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىچكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ يۈز بېرىشى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى توختاتماسلىقى، تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشى كېرەك».



مۇخبىرنىڭ زىيارىتىدە، ئەيسا ئەپەندىم بىلەن گېزىتىمىز ساھىبى ئارسلان ئالپ تېكىن بىرگە بولدى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا پىلانلىق كۆچمەن يۆتكەش سىياسىتىنى ناھايىتى جىددىي ئەمەللەشتۈرۈۋاتىدۇ شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان بايلىقىنى فاشىستلارچە تالان-تاراج قىلىپ ئۆز غەزىنىسىگە توپلىماقتا. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش ۋە چېكىشكە يۇمشاق قوللۇق قىلىپ، نۇرغۇن ياشلىرىمىزنى كاردىن چىقاردى. بۇيەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، خىتايلار ئۆتمۈشتە زوردە قېپ قالغان تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ، تۇڭگانلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئۆچ ئېلىشقا قۇترىتىۋاتىدۇ. نەتىجىدە، تۇڭگانلار ئىچىدىكى تارىختىن خەۋىرى بولمىغان، ئاق-قارىنى پەرق قىلالمايدىغان بەزى ئادەملەر (خۇيسىنى ئۇيغۇرلارغا سېتىپ ئۆچىمىزنى ئالىمىز) دەپ ئوچۇق-ئاشكارە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. خىتاينىڭ دېكتاتورا ئورگانلىرى بۇنداق ھەرىكەتلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ (خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش پرىنسىپى)غا خىلاپلىق قىلىشتىن قىلچە تارتىنمىدى. ھازىر، شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققەت-ئېتىبارىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلماقتا».

# خىتاينى شەرقىي تۈركىستان بېقىۋاتىدۇ

بېشى 9-بەتتە

جان تۈرك مۇخبىرىمىزغا يەنە تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈردى: خىتايلار مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ، يەرلىك خەلقنى قاقاس چۆللەرگە ھەيدىماقتا. خىتايلار ئۆز يۇرتىدا كىشى بېشىغا بىر گېكتار تېرىلغۇ يەرگە ئېرىشەلىگەن بولسا، شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ 2.7 گېكتار تېرىلغۇ يەرنىڭ خوجايىنى بولۇشقا ئېرىشتى. يەرلىك تۈرك خەلقىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يەر 1.4 گېكتار. ئېگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن خىتاينىڭ ئوزۇق ئېھتىياجىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى شەرقىي تۈركىستان تەمىنلەپ تۇرىدۇ. كىشىنى قايغۇغا سالىدىغان يېرى شۇكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئورمان بايلىقى خىتايلار تەرىپىدىن ۋاھشىلىق كېسىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي ئورمانلىقلارنىڭ كۆلىمى 5 مىليون گېكتار. خىتايلار 56 مىليون كۇب مېتىر ئورمان مەھسۇلاتىنى بۇلاڭ-تالان قىلىپ 6.2 مىليارد قايىقىن ياغاچ ماتېرىياللىرىنى توشۇپ كەتتى، ھەتتا بىر قىسىم ئورمان رايونلىرى ئۇلار تەرىپىدىن تامامەن يوق قىلىپ تاشلاندى.

يىغىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مول تەبىئىي بايلىقلىرىدىن ئۆزى پايدىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، دۇنيادا نوپۇس ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن خىتاينى بېقىۋاتىدۇ. ئەمما، خىتاي بۇنىڭغا ئىقرار ئەمەس ۋە ئەزەلدىن بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلغىنى ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ ھەققانىي تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا؛ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيالماستىن خەلقنىڭ تەلىۋى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان تۆھمەتلەر بىلەن يەنى «مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلدى» دەپ قولغا ئالدى، تۈرمىگە تاشلىدى ۋە قورال كۈچى بىلەن باستۇردى. ئىدارە-جەمئىيەت ئورۇنلىرىدىكى مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىپ ھەممىدىن مەھرۇم قىلدى، رەھبىرى كادىرلارنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

مەھمەت جان تۈرك ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەتلەر تەرەققىي قىلىپ راۋاجلىنىش دەۋرىگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە مول تەبىئىي بايلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقى تېخىچىلا كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. پۈتۈن ئاھالىنىڭ 70 پىرسەنتى نامراتلىق ئىچىدە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ. دۇنيا جامائەتچىلىكى شۇنىڭغا ئىشەنسۇنكى، خىتاينىڭ سىرتقى دۇنياغا داۋراڭ سېلىۋاتقان «تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» - مۇستەملىكىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر تالاي يىللارنى ئۆتكۈزدۈڭ باشتىن،
ئاتاڭنىڭ قەۋرىگە بارمىدىڭ بىر بار.
قىلدىڭسەن ئاتاڭغا نېمە ياخشىلىق،
ئۆز ئوغلۇڭدىن سەن بولۇپ ئۈمىدۋار؟

# ئامېرىكا - خىتاي مۇناسىۋىتى

## تېخىمۇ يامانلاشتى

(تۈركىيە «ئوتتورا شەرق» گېزىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ 4 - كۈندىكى خەۋىرى). ئامېرىكا باشتانى بىلل كلىنتون تەيۋەنگە قاراتقان بولتۇرقى سوداجازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكالىدى، تەيۋەن دۆلەت باشتانى لى دېڭخۈينى تۇنجى قېتىم دۆلەت باشلىقى سالاھىيىتى بىلەن ئامېرىكىغا دەۋەت قىلدى. بۇ ئەھۋال يېرىكلىشىۋاتقان ئامېرىكا - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىشىغا سەۋەپ بولدى. خىتاي باشتانى لى پېڭ بىلل كلىنتوننىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قاتتىق راھەتسىزلانغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە تۇتقان پايدىسىز مەۋقەسىگە (جۇڭگو) ھۆكۈمىتى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر سەۋرچانلىق بىلەن نورمال پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى». «خەلق گېزىتى» نىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، خىتاي ۋاشىنگىتوندىكى ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كەلگەن.

ئامېرىكا ئىنسان ھەقلىرى مۇھاپىزەتچىسى ۋۇ ئەپەندى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قازاقىستاندىن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ۋىزا ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەندە، خىتاي ھۆكۈمىتى قولغا ئالغان. ۋۇ ئەپەندى خىتاي ئىچىدە 19 يىل تۈرمىدە ياتقان، 1989 - يىلى ئامېرىكىغا بېرىپ ئىلتىجا قىلغان، ھازىر ئامېرىكا گراژدانى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇخبىرلارغا قىلغان بىر قېتىملىق سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «خىتاي ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ ئىچكى ۋە جىنسى ئورگانلىرىنى ئېلىپ باشقىلارغا ساتماقتا».

ئامېرىكا پارلامېنت ۋەكىللىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋۇنى دەرھال قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتمەكتە.

گېرمانىيە رادىيوسىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ۋۇ ئەپەندىنى 96 - يىللىق نوبېل مۇكاپاتى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى تەيۋەننى «ئاسىيانچىلار رايونى» دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئامېرىكىلىق، تەيۋەنلىك نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ خىتايغا زىيارەت قىلىشىنى چەكلىگەن.

# گېرمانىيىدىن كەلگەن خەت

بېشى 11- بەتتە

نىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇ كۈنى گېرمانىيىنىڭ بىرقانچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى مۇئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ئويۇنلىرىنى نەق مەيداندا لېنتىغا ئېلىپ تۇردى. دەل ئويۇن ئارىلىقىدا خىتاي ساياھەت ئىدارىسىنىڭ بىر خىتاي تەرجىمانى تۇيۇقسىز سەھنىگە چىقىپ قىلچە تەپتارتماستىن، بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەرتىستلىرىمىزنى تاماشىبىنلارغا «بۇلار چىرايى - شەكلى چەتئەللىكلەرگە بەزى مىللەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان خەنزۇلار» دەپ تونۇشتۇردى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دۇنيا خەلقى ئالدىدا قىلچە تەپتارتماستىن قىلغان بۇ ئالدامچىلىقى، ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرغان ئۇيغۇرلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى، بىز نەپرىتىمىزنى باسالماي، ھېلىقى خىتاي تەرجىماننىڭ ئالدىغا بېرىپ، «سەن نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى خەنزۇ مىللىتى دەپ تونۇشتۇرىسەن؟!» دەپ قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردۇق، ھېلىقى خىتاي پەرۋاسىز ھالدا، «بىز قانداق دېيىشنى خالىساق شۇنداق دەيمىز، بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى» دەپ جاۋاپ بەردى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىلغان بۇ ھاقارىتى، گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ خىتاي زۇلۇمى ئاستىدا تارتىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى تەقدىرىدىن قاتتىق ئەندىشىلەندۇق.



گېرمانىيىدىكى ۋەتەنسۆيەر شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى.

# قازاقىستان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى

## ئۇيغۇر بۆلۈمى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى

## زىيارەت قىلدى

مۆرەتلىك خەۋەر: 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قازاقىستان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئالاتاغ قانىلى ئۇيغۇر بۆلۈمى باش مۇھەررىرى تېلمان نۇراخۇن شاماخۇن ئوغلى، رېژىسسور شۆھرەت جاپپار قولزۇنۇن ئوغلى ۋە ئەنقەرە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاۋرازىيە بۆلۈمى مۇدىرى مۇھەممەت ئەلى ئۆزپۇلات شەرقىي تۈركىستانلىقلار لىدەرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى زىيارەت قىلدى.

ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئەيسا ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق داۋاسى ۋە ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن پائالىيىتى توغرىسىدا قىلغان سۆزىنى تېلېۋىزورغا ئالدى.




Gazete Sahibi
ARSLAN ALPTEKİN
Genel Yayın Koordinatörü
ŞAHHALİL BOZKURT
Gazete Adresi:

گېزىت باشلىقى: ئارسلان ئالپتېكىن
باش مۇھەررىر: شاخەلىل بوزقۇرت
گېزىتنىڭ تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى ئادرېسى:

Ataköy 4. Kısım T.O. Blok No. 89/5
İSTANBUL - TURKEY    Tel. : (0212) 559 83 21

Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir. Gönderilen yazılar yayınlansın veya yayınlanmasın iade edilmez. İsim zikredilmeden iktibas edilemez

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە، تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.


پاشا توپىلانسا يېڭەر پىلنى ئۇرۇپ،
بۇندا كۈچ - قۇۋۋەت، سالاپەت بار تۇرۇپ.
كۆپ چۈمۈلە بولسا بىردەك ئىتتىپاق،
يىرتىدۇ شىر پوستىنى ئۈجۈقتۇرۇپ.